ئا.قاسم

# ئېلىپبە



دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ساۋات چىقىرىش ئوقۇشلۇقى

# ئېلىپبە

تۈزگۈچى: ئا.قاسىم



دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نەشر قىلدى

الناشر
المؤتمر العالمي ا لأيغوري

Publikation Des
WELTKONGRESS DER UIGHUREN

Published By
WORLD UYGHUR CONGRESS
Munchen-Germany

World Uyghur Congress
Weltkongress Der Uighuren
Postfach 310 312
Munchen 801 03
Tel: 49 89 543 219 99
Fax: 49 89 543 497 89

Destsche Bank
Nonto-Nr. 244 089 900
BLZ 700 700 24
International Bankverbindung
BIC: DEUTDEDBMUC
IBAN: DE23 7007 0024 0899 00

İrtibat Adresi :
Abdul Celil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7/4
Zeytinburnu - İstanbul
Tel: 0090 0212 679 86 88

Baski - Cilt:
Bayrak Yay. Mat. San. Tic. Ltd. Şti.
Davutpaşa Cd. No:14/2 Topkapı - İstanbul
Tel: 0212 493 11 06 Faks: 0212 493 11 07

## تۈزگۈچىدىن:

يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك جەريان مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتىدىن قولغا ئېلىش كۈرىشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن ئۆتتى. دۆلەتسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېچىنىشلىق ئۆتمۈش، مىللىي مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قېلىش ھەققىدە جىددىي قەدەملەرنىڭ تاشلىنىشى كېرەكلىكىنى تەكرار– تەكرار سەممىزگە سالدى، ۋاھالەنكى بىز بۇ خىل چاقىرىقلارنىڭ يالغۇز سىياسىي قىسمىغىلا يېتىشەلىدۇق، ئىلمىي قىسمى ئاساسەن تاشلىنىپ قالدى. نەتىجىدە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئانا تىل، ئۆرپ-ئادەت، دىنىي ئەقىدە ۋە مىللىي ئەنئەنىلەردىن كۈنسىرى يىراقلىشىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرىمەيدىغان، ئەندىشە قىلمايدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر يوقتەك ۋەزىيەت كۆز ئالدىمىزدا "مانا مەن" دەپ كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، بۇ ساھەدە ئەمەلىي قەدەملەرنىڭ بېسىلمىغانلىقى مېنى تولىمۇ بىئارام قىلدى.

ئابدۇسالام توختى ۋە باشقىلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئېلىپبە»لەرنىڭ كىرىش بېتىدىكى بوينىغا قىزىل گالاستۇك ئاسقان ھالدا خىتاينىڭ بايرىقىنى چۈشۈرۈپ، چىقىرىۋاتقان ئۆسمۈرلەرنىڭ رەسىملىرى قەلبىمدە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۈچۈن، ئىسمى – جىسمى ئۇيغۇرغا خاس بولغان بىر «ئېلىپبە» تۈزۈپ سۇنۇش ئىستىكىنى ئويغاتتى. ئەنە شۇ كۈنلەردىن تارتىپ تا نەشرگە سۇنۇلغان بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر قولۇمدىن كەلگەن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتىم؛ ھەم خام ماتېرىيال ھازىرلىدىم ھەم بەت ياساش، رەسىم كىرىشتۈرۈش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدۇم. تونۇپ يەتتىمكى، «ئېلىپبە» بىلەن ھەپىلىشىش خېلى كۈچ تۈتىدىغان ئىشكەن.

قولىڭىزدىكى بۇ «ئېلىپبە» 7-15 ياش ئارىسىدىكى بالىلار ئۈچۈن ھازىرلانغان بولۇپ، ئىستېمال قىلىنغان سۆز ۋە جۈملىلەردە ئۆسمۈرلەرنىڭ

ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئويغىتىدىغان مىساللارغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلدى. كۆۋكىملەرنىمۇ قىسقا، ئەمما جانلىق شەكىلدە ھازىرلاش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىلدى. قىسقا شەكىلدە بولسىمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىنىش بەلگىلىرى ئىزاھلاپ ئۆتۈلدى. كىتابتا بېرىلگەن ھېكايە، مەسەل، شېئىر ۋە مەشھۇر شەخسلەرگە ئالاقىدار تېمىلاردا ئىمكانىمىزنىڭ يېتىشىچە ھاياتى ۋەتەن ۋە مىللەت يولىدا كۈرەش قىلىش بىلەن ئۆتكەن، تارىخقا ئىسمىنى يازدۇرغان، شەرقىي تۈركىستان ئىچىدە ئىسمىنى زىكىر قىلىش جىنايەت ھېسابلىنىدىغان، ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىقى يولىدا شېھىت بولۇپ كەتكەن ئەزىمەتلەرگە كەڭ ئورۇن بېرىلدى. تېكىستلەردە يەنە مىللىي، دىنىي تۇيغۇلارنى غىدىقلايدىغان ئامىللارغا كەڭرەك يەر بېرىلدى.

مۇھاجىرەت تارىخىمىزدىكى بۇ تۇنجى «ئېلىپبە»گە نامىلىرى كىرىش زۆرۈر بولغان، ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن چەتئەللەردە ئۇزۇن يىل پىداكارلىق كۆرسەتكەن ھەم ھېلىمۇ كۆرسىتىۋاتقان نۇرغۇن پىداكار قەھرىمانلىرىمىزنى بۇ قېتىم بۇ «ئېلىپبە»گە كىرگۈزەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن كەڭ مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمدىن ئەپۇ سورايمەن. چۈنكى بەت سانى چەكلىك بولغان بىر «ئېلىپبە» كىتابىغا كىملەرنى كىرگۈزۈپ، كىملەرنى قويۇپ قويۇشنى بىلەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ نوقتىدىن بىراقلا يىراق تۇردۇم.

كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا ۋەتەن ئىچىدە تۈزۈلگەن «ئېلىپبە» كىتابلىرىدىن پايدىلىنىش بىلەن بىرگە، دوستلارنىڭ، ئۇستازلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئېلىشتىن قەتئىي چېكىنمىدىم. بۇ ساھەدە مېنى قولىدىن كېلىشىچە قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن، مەيلى كىتابنىڭ مەزمۇنى ياكى ئىملاسى ھەققىدە بولسۇن قىممەتلىك پىكىرلىرىنى ئايىمىغان بارلىق كىشىلەرگە چىن قەلبىمدىن سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن.

1 ـ ئىيۇل 2007، ئىستانبۇل

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇرلار چەتئەللەرگە 40- ۋە 90- يىللاردا ئىككى تۈركۈم بولۇپ چىقتى. بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاز بولمىغان باللىرى ئانا تىلىدىن ئايرىلىپ ئۇيغۇرلاردىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. كۆزۈمىزنىڭ باللىرىغا قارايدىغان بولساق، ئوخشاشلا كۆپىنىڭ ئۇيغۇرچە ساۋادى يوق ۋە بەزىلىرى ئانا تىلىنىمۇ بىلمەي چوڭ بولۇۋاتىدۇ. تىلىدىن ئايرىلسا مىللەتتىن ئايرىلىدىغان ۋە ئائىلىدىنمۇ ئايرىلىدىغان ئاچچىق ساۋاقنى كۆرگەن بەزى زىيالىيلىرىمىز پىداكارلىق بىلەن مەكتەپ ئېچىپ ھەق تەلەپ قىلماي باللىرىمىزغا تىل، يېزىق ۋە ئايەتلەرنى ئۆگەتمەكتە. ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولۇپ، كۆپىنچە ئائىلىلەردە بولۇپمۇ تارقاق ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ساۋاتسىزلىق ئەھۋالى بەكرەك ئېغىر بولۇپ تۇرماقتا. بۇنىڭ سەۋەبلىرى بىر تەرەپتىن ئاتا-ئانا بولغۇچىلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغانلىقىدىن بولسا، يەنە بىر ياقتىن بىزدە ساۋات چىقىرىش ماتېرىياللىرىنىڭ كەملىكىدىن بولماقتا.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل-يېزىقىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى دەپ ھېساپلايدۇ ۋە كۆز ئالدىمىزدىكى 1- 2 يىل ئىچىدە بارلىق ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى ساۋاتسىزلىقنى پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلاشقا چاقىرىدۇ. مەركەزنىڭ مائارىپ ۋە نەشرىيات ئورگانلىرى يوقىرىقى ۋەزىيەت ۋە ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، ياش ژۇرنالىست ئا.قاسىم تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بۇ ئېلىپبەنى نەشىرگە سۇندى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش ئۈيدە ئاتا-

ئانىلارنىڭ قولىغا قالدى. ئۇيغۇرچە ساۋات چىقىرىش بىز ئۈچۈن 1- 2 ھەپتىدە پۈتىدىغان ئىنتايىن ئوڭاي بىر ئىش. ئەمما شۇنچىلىك بىر ئاددى ئىشنىڭ بالىلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى ھاياتىدا ئوينايدىغان رولىنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى ھېس قىلساق بولىدۇ. بىزدىكى ھەر خىل مەكتەپ ۋە يېزىق ئىسلاھاتلىرى سەۋەبلىرىدىن ئاز بولمىغان ئاتا- ئانىلارنىڭمۇ ئۇيغۇرچە ساۋادى يوق بولۇپ قالدى. دېمەك ساۋاتسىز ئاتا - ئانىلارنىڭمۇ بۇنى بىر ياخشى پۇرسەت بىلىپ بالىلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە ئۆگىنىپ بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نەشرىيات ۋە تەشۋىقات بۆلۈمى

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن، بىرلىككە كەلگەن لاتىن ھەرپلىرى ۋە خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيىسىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

| ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى | ئۇيغۇر تىلى لاتىن ئېلىپبەسى | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە | رەسىم | ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى | ئۇيغۇر تىلى لاتىن ئېلىپبەسى | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە | رەسىم |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئا | a | [A] [a] |  | د | d | [d] |  |
| ئە | e | [ɛ] [æ] |  | ر | r | [r] |  |
| ب | b | [b] |  | ز | z | [z] |  |
| پ | p | [pʻ] |  | ژ | j (zh) | [ʒ] |  |
| ت | t | [tʻ] |  | س | s | [s] |  |
| ج | j | [dʒ] |  | ش | sh | [ʃ] |  |
| چ | ch | [tʃ] |  | غ | gh | [ʁ] |  |
| خ | x | [χ] |  | ف | f | [f] |  |

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن، بىرلىككە كەلگەن لاتىن ھەرپلىرى ۋە خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيەنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

| رەسىم | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە | ئۇيغۇر تىلى لاتىن ئېلىپبەسى | ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى | رەسىم | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە | ئۇيغۇر تىلى لاتىن ئېلىپبەسى | ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 10 | [ɔ] [o] | o | ئو |  | [q'] | q | ق |
|  | [ɷ] [u] | u | ئۇ |  | [k'] | k | ك |
|  | [ø] | ö | ئۆ |  | [g] | g | گ |
|  | [y] | ü | ئۈ |  | [ŋ] | ng | ڭ |
|  | [v] | w | ۋ |  | [l] | l | ل |
|  | [e] | é | ئې |  | [m] | m | م |
|  | [ı] [i] | i | ئى |  | [n] | n | ن |
|  | [j] | y | ي |  | [h] | h | ھ |



# شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت بەلگىسى



# A ئا

ئا ا ـا ـئا

ئات داپ ئالما ئاپئاق









يۇقىرىدىكى رەسىملەرنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمىنى كىم بىلىدۇ؟

<ئا> ھەرپىنى تۆۋەندىكى شەكىللىرى بويىچە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئا ا ـا ـئا ئا ا ـا ـئا ئا ا ـا ـئا

# E ئە

ئە ە ـە ـئە

ئەخلاق ۋەتەن مىللەت مەشئەل











يۇقىرىدىكى رەسىملەرنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسىملىرىنى بىلىدىغانلار بارمۇ؟ بىلسىڭىز ساۋاقداشلىرىڭىزغا ئېيتىپ بېرىڭ.

<ئە> ھەرپىنى تۆۋەندىكى شەكىللىرى بويىچە چىرايلىق ۋە تېز يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئە ە ـە ـئە ئە ە ـە ـئە ئە ە ـە ـئە

# É ئې

ئې ې ئې ـې ـېـ ـئې ـې ـئې

ئېرىق سېرىق مۆشۈكئېيىق دېڭىز









يۇقىرىدىكى رەسىملەرنىڭ نېمىلەرنىڭ رەسىملىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

<ئې> ھەرپىنى تۆۋەندىكى شەكىللىرى بويىچە پەرقلەندۈرگەن ھالدا ئون قېتىمدىن يېزىپ چىقىڭلار.

ئې ې ئې ـې ـېـ ـئې ـې ـئې ئې ې ئې ـې ـېـ ـئې ـې ـئې

# ئى ا

ئى ى ئىـ ـىـ ـىـ ئىـ ـى ـئى

ئادىل ئىنسان قازى ئى
شەيئى ئاتېئىزم تاكسى ئەركىن









يۇقىرىدىكى رەسىملەرنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسىملىرىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىڭلار ۋە ساۋاقداشلىرىڭلارغا ئېيتىپ بېرىڭلار.

<ئى> ھەرپىنى تۆۋەندىكى شەكىللىرى بويىچە بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرگەن ھالدا ئون قېتىمدىن يېزىپ چىقىڭلار.

ئى ى ئىـ ـىـ ـىـ ئىـ ـى ـئى ئى ى ئىـ ـىـ ـىـ ئىـ ـى ـئى

# O ئو

ئو و ـو ـئو

ئوق دوپپا توشقان رادىئو









يۇقىرىدىكى رەسىملەرنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمىلىرىنى ھەر بىرىڭلار يېنىڭلاردىكى ساۋاقداشلىرىڭلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار.

<ئو> ھەرپىنى تۆۋەندىكى ئۆلگىدە كۆرسىتىلگىنى بويىچە چىرايلىق يېزىڭلار.

ئو و ـو ـئو ئو و ـو ـئو ئو و ـو ـئو

# ئۆ Ö

ئۆ    ـۆ    ۆ    ـئۆ

ئۆردەك    دۆلەت    تۆگە    ئاقئۆي









يۇقىرىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى كىم ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟

<ئۆ> ھەرپى بىلەن ئالدىنقى دەرستىكى <ئو> ۋە <ئۇ> ھەرپ-
لىرىنىڭ پەرقىگە دىققەت قىلغان ھالدا يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

ئۆ ۆ ـۆ ـئۆ ئۆ ۆ ـۆ ـئۆ ئۆ ۆ ـۆ ـئۆ

## سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى (6)

# ئۇ U

ئۇ ۇ ـۇ ـئۇ

ئۇيغۇر ژۇرنال بۇلبۇل (رادىئۇس)









يۇقىرىدىكى رەسىملەرنىڭ ئىچىدىن ئۇد، ئۇستىرا، ئۇۋا ۋە ئۇننى پەرقلەندۈرۈڭلار ۋە بۇلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگىنىڭلار.

<ئۇ> ھەرپى بىلەن ئالدىنقى دەرستىكى <ئو> ھەرپىنىڭ پەرقىگە دىققەت قىلغان ھالدا تەكرار- تەكرار يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئۇ ۇ ـۇ ـئۇ ئۇ ۇ ـۇ ـئۇ ئۇ ۇ ـۇ ـئۇ

# ئۈ Ü

ئۈ ـۈ ۈ ـئۈ

ئۈرۈمچى ئۈزۈك ئۈنۈم ئىتئۈزۈمى







بۇ ۋە ئالدىنقى دەرسلەردە كۆرسىتىلگەن بارلىق رەسىملەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىلەر؟

<ئۈ>ھەرپى بىلەن ئالدىنقى دەرسلەردىكى <ئو>، <ئۇ> ۋە <ئۆ> ھەرپلىرىنىڭ پەرقىگە دىققەت قىلغان ھالدا بەش قېتىمدىن يېزىڭلار.

ئۈ ـۈ ۈ ـئۈ ئۈ ـۈ ۈ ـئۈ ئۈ ـۈ ۈ ـئۈ

# 1-ئاساسىي مەشىق

1- كۆنۈكمە. يۇقىرىقى دەرسلەردە تونۇشۇپ ئۆتكەن سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنى توغرا ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار!

2- كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى رەسىملەرگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ۋە بۇ رەسىملەردە بىز ئۆگىنىپ ئۆتكەن <ئا، ئە، ئې، ئى، ئو، ئۇ، ئۆ > ۋە <ئۈ> ھەرپلىرىنىڭ قەيەردە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار!











N ن

ن نـ ـنـ ـن

نان نەشپۈت كېپىنەك تېيىن





نـ + ـا = نا+ن=نان

ئانا
ئون
ئۇن

ئا + نا
ئە+نە
نا +ن



ئانا ، ئەنە نان

<ن> ھەرپىنى يۇقىرىدىكى شەكىللىرى بويىچە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىش بىلەن بىرگە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى بەش قېتىمدىن كۆچۈرۈڭلار.

ئون ئۇن ئۇن ئەنە ئانا نان

T ت

ت تـ ـتـ ـت

ئوت تانا ئەتوت ئەت





ت + ا = تا + ت = تات

ئاتا ئە + نە = ئەنە

ئات ئو + تۇن = ئوتۇن

ئۇن ئە + تە = ئەتە

ئاتا، ئوتۇن ئات

<ت> ھەرپىنى چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىش بىلەن بىرگە يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە راۋان ئوقۇشنى ئۆگىنىڭلار.

تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كىم ئوقۇيالايدۇ؟

ئاتا تانا ئەتە ئەنە ئوتۇن ئات

S س

س سـ ـسـ ـس

داس سان ئېسەن ئەس





ئا + سان = ئاسان

| | |
|---|---|
| سان | سا + ئەت = سائەت |
| سەن | ئا + سان = ئاسان |
| سات | سا + نا = سانا |

سەن ، سائەت سات

<س> ھەرپىنى ئون قېتىمدىن چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

يۇقىرىدا ۋە تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەرنى ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

سەن، سۇ سات. ئەسئەت، سۇت ساتتى.

# SH ش

ش ﺷ ﺸ ﺶ

ئاش شاتۇت ئىشتان ئىش

 

ئىشـ + تان = ئىشتان

تاش | شا + تۇت = شاتۇت
تەش | شو + تا = شوتا
تۆش | ناشـ + تا = ناشتا

ئانا ، ئاش ئەت.

<ش> ھەرپىنى چىرايلىق يېزىش بىلەن بىرگە، يۇقىرىدىكى سۆزلەرنىڭ يېزىلىشىغا دىققەت قىلغان ھالدا ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كىم ئوقۇيالايدۇ؟

ئىش، ئاش، ئەش، تۆش، بەش ، شاش

# 2-ئاساسىي مەشىق

1- كۆنۈكمە:

1) يۇقىرىقى دەرسلەردە تونۇشۇپ ئۆتكەن <ن> ۋە<ت> ھەرپلىرى بىلەن <س> ۋە <ش> ھەرپلىرىنى شەكىل جەھەتتىن پەرقلەندۈرگەن ھالدا چىرايلىق يېزىشنى ۋە توغرا ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2) <ن>، <ت>، <س> ۋە <ش> ھەرپلىرىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن سۆز تۈزۈپ بېقىڭلار.

2- كۆنۈكمە:

يۇقىرىقى دەرسلەردە ئۆگىنىپ ئۆتكەن ھەرپلەرنى ئۆلگىدىكى شەكىللىرى بويىچە يېزىش ۋە ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار!

| | | | |
|---|---|---|---|
| ن | تون، ئۆن، شۆئان، سەن | س | ئاس، تەس، كەس |
| نـ | نان، ئانا، ئەنە، نىشان | سـ | سان، سائەت، سەن |
| ـنـ | ئاتنى، سۆتنى، ئۆتنە | ـسـ | ئىسسىش، ئىست |
| ـن | ئىشتىن، ئاشتىن، تاشتىن | ـس | ئىس |
| ت | ئات، ئەت، ئۆت، تۆت | ش | ئاش، تەش، تاش |
| تـ | تەشنا، ئاتا، تۆش، ئاتتىن | شـ | ناشتا، شوتا، شاتۆت |
| ـتـ | ئوتتا، ئاتتىن، ئىشتىن | ـشـ | ئىشتان، ئىشتا |
| ـت | ئىت، ئائىت، سىنت | ـش | ئىش |

# م M

م مـ ـمـ ـم

شام مەن مايمۇن سىم





مانـ + تا = مانتا

ماش

مەش

تام

سا + مان = سامان

ئا + نام = ئانام

ئاسـ + ـمان = ئاسمان

مەن، مانتا ئەتتىم.

<م> ھەرپىنى كۆچۈرۈپ يازغاندىن سىرت بۇ بەتتە بېرىلگەن بارلىق سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

مومام، مانتا ئەتتى. مامۇت، ئەنە مايمۇن.

# ل L

ل لـ ـلـ ـل

شال لېنتا ئىلىم ئادىل





ئال + ما = ئالما

| | | |
|---|---|---|
| ئال | ئالىم | ئىلان |
| سەل | ئىلىم | ئەلى |
| تىل | تالا | ئېسىل |

ئالىم، ئىلىم ئال.

<ل> ھەرپىنى بەش قېتىمدىن چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە بۇ بەتتىكى خەتلەرنى راۋان ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

مەن تۆت ئالما ئالىمەن، سەنمۇ ئالامسەن؟

B ب

ب ﺑ ﺒ ﺐ

كىتاب بېلىق ئالبان ئەدىب





بوس + تان = بوستان

| | | |
|---|---|---|
| باش | بۇلۇت | بېلەت |
| بوش | بۇلبۇل | بىلىم |
| بەت | بانان | بالا |

باسىت، بېلەتنى بەر.

<ب> ھەرپىنى ۋە بۇ بەتتىكى باشقا سۆزلەرنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئاتام بەش بېلىق تۇتتى، مەن تۆتنى تۇتتۇم.

# P پ

پ پـ ـپـ ـپ

ئالپ ئاپپارات پارتا ئاپتاپ





پەتـ +نۇس= پەتنۇس

| | | |
|---|---|---|
| پەش | ئاپا | سىنىپ |
| سەپ | پالتا | پاشا |
| پەن | پولات | پۈتۈن |

پۇلات توپ تەپتى، مەنمۇ تەپتىم.

<پ> ھەرپىنى ۋە بۇ بەتتىكى باشقا سۆزلەرنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

پوش، پۇل، پەس، پاتمان، پىل، پات-پات

# 3- ئاساسىي مەشىق

1- كۆنۈكمە:

1) "ئانا، ئەلى، پەلتۇ، بەش" دېگەن سۆزلەرنىڭ قانچە ھەرپتىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېقىڭلار ۋە ئۇ سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىنى ئۈچ قېتىمدىن يېزىپ چىقىڭلار.

2) <ن>، <ت>، <ب> ۋە <پ> ھەرپلىرىنىڭ قانداق پەرقلىرى بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار ۋە بۇ ھەرپلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن سۆز تۈزۈپ بېقىڭلار.

3) "ئات، ماشىنا، ئامىنە، پولات، ئىست" دېگەن بۇ سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرىنى ئايرىپ چىقىڭلار.

2- كۆنۈكمە:

يۇقىرىقى دەرسلەردە ئۆگىنىپ ئۆتكەن ھەرپلەرنى كۆرسىتىلگەن شەكىللىرى بويىچە يېزىشنى، ئوقۇشنى ۋە قانداق جايلاردا قوللىنىلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىڭلار.

| | |
|---|---|
| م | نەم، ئانام، پەم، توم |
| مـ | مەن، مەش، ئامان، ئامىنە |
| ـمـ | ئالما، ئاتما، سالما |
| ـم | ئىشىم، ئېشىم، ئالىم |
| ل | ئال، ئەل، بول، شامال |
| لـ | لېتىپ، لاپ، بۇلۇش، |
| ـلـ | ئىلىم، بىلىم، تىلىم |
| ـل | ئېجىل، پەسىل، ئېسىل |

| | |
|---|---|
| بـ | بېلەت، بەش، بىر، بۇلۇت، باتۇر، بەت |
| ـبـ | بۇلبۇل، ئېلىپبە، ئونبەش |
| پ | سەپ، توپ، ئاپتاپ |
| پـ | پەلتۇ، پۇل، پاتمە |
| ـپـ | لامپا، لەمپە |
| ـپ | سىنىپ، بىرىپ |

# D د

ـد د

داس ئادىل ئۆمىد تەقدىر





ئا + دا + لەت = ئادالەت

| | | |
|---|---|---|
| دان | دادا | دوپپا |
| دار | دۇرا | دوسكا |
| داد | دۇتار | دەپتەر |

ئادىل، دەپتەر ئالدى، دىلبەر ئالمىدى.

<د> ھەرپىنىڭ <ر> ۋە <ز> ھەرپلىرىگە ئوخشمايدىغان نوقتىلىرىغا دىققەت قىلغان ھالدا يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

دۆلەت، دادىل، دائىم، داستان، دوست

R ر

ر ـر

رەنا ئانار شائىر بىر





رە + سىم = رەسىم

| | | |
|---|---|---|
| شار | ئارپا | رەسسام |
| رۇس | راست | شېئىر |
| بار | تۇرسۇن | روشەن |

روشەن، نان راسلا، راسلىمۇ راسلاپتۇ.

<ر> ھەرپىنى چىرايلىق يېزىش بىلەن بىرگە بۇ بەتتىكى سۆزلەرنى توغرا ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

ناسىر، بەر، تەر، رول، تار، سابىر، سور

Z ز

ز ـز

زال زالىم سىز قىز





زى + را + پە = زىراپە

| | | |
|---|---|---|
| زال | زېمىن | ئۆزۈم |
| زور | ئازات | تۆزسىز |
| بىز | زامان | بازار |

ئازات، سىز بۇ سۆزنى بىلەمسىز؟

<ز> ھەرپىنى چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە بۇ بەتتىكى سۆزلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار.

زاپاس، بەز، ئاز، تۆز، توز، تۈز، ئەرزان

# 4- ئاساسىي مەشق

**1- كۆنۈكمە:**

1) < د >، < ر > ۋە < ز > ھەرپلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلەرنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

2) تەركىبىدە < د >، < ر >، < ز > ھەرپلىرى بولغان ئون سۆز تۈزۈپ، دەپتىرىڭلارغا يېزىڭلار.

**2- كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى رەسىملەرگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار ۋە ئۇ ئىسىملارنىڭ قايسى يەرلىرىدە < د > < ر > < ز > ھەرپلىرىنىڭ بارلىقىنى تېپىپ چىقىڭلار.








# Y ي

ي يـ ـيـ ـي

ئۆي يىل ئەدىيال ئاددىي





يا + قۇت = ياقۇت

| | | |
|---|---|---|
| ياز | ياۋا | ياشلار |
| يەش | يالغۇز | ياقۇپ |
| يول | ياردەم | يەتتە |

ياسىن، يولدا ئوينىما.

<ي> ھەرپىنى يېزىشنى مەشىق قىلىش بىلەن بىرگە بۇ بەتتە بېرىلگەن سۆزلەرنى توغرا ۋە راۋان ئوقۇشنى ئۆگىنىڭلار.

ئويۇن، يىلان، باي، يېشىل، يەر، ئاي

F ف

ف فـ ـفـ ـف

تېلېگراف فىن يانفۇن گولف




فونـ + ـتان = فونتان

| | | |
|---|---|---|
| فوتو | فامىلە | ئاسفالت |
| فىلىم | يانفۇن | نېفىت |
| فىن | فابرىكا | تېلېفون |

سىز فرانسۇزمۇ ياكى فىنمۇ؟

<ف> ھەرپىنى چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.
بۇ بەتتىكى سۆزلەرنى ساۋاقداشلىرىڭلارغا ئوقۇپ بېرىڭلار.

ئۆيىمىزدە فوتو ئاپپاراتمۇ، تېلېفونمۇ بار.

# Q ق

ق قـ ـقـ ـق

ياپراق قەنت يالقۇن بىلىق





قا + پاق = قاپاق

| | | |
|---|---|---|
| قاش | قەشقەر | شەرقىي |
| قېتىق | قوشۇق | توشقان |
| قىش | قايماق | تۇپراق |

قاسىم، قەشقەردە ئوقۇيدۇ.

<ف> ھەرپى بىلەن <ق> ھەرپىنىڭ يېزىلىشىدا قانداق پەرقلەر بار؟ كىم بۇ بەتتىكى سۆزلەرنى ئوقۇيالايدۇ؟

يالقۇن، قەيەردە ئوقۇيدۇ؟ سىزمۇ ئوقۇمسىز؟



# 5- ئاساسىي مەشىق

1- كۆنۈكمە:

< ي >، < ف > ۋە < ق > ھەرپلىرىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنىڭ قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلەرنى بىلىۋېلىڭلار.

2- كۆنۈكمە:

تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار ھەمدە < ي >، < ف >، < ق > ھەرپلىرىنىڭ سۆزلەردە قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىڭلار.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ي | ئاي، باي، تاي | ف | تېلېگراف | ق | ئاق، ساق، چاق |
| يـ | ياش، يەتتە، يە | فـ | فونتان، فاسىلە | قـ | قاپ، شەرقىي |
| ـيـ | ئاقىيول، ئوتياش | ـفـ | يانفون، تېلېفون | ـقـ | ئاققۇ، قەشقەر |
| ـي | ئىلمىي، دىنىي | ـف | گولف | ـق | بېلىق، سىلىق |

# K ك

ك كـ ـكـ ـك

ئۆتۈك كەنت ئىككى بىرلىك





كەپ+ تەر= كەپتەر

| | | |
|---|---|---|
| كۆز | كەتمەن | تۆلكە |
| كەل | مەكتەپ | كامال |
| كۆت | كەكلىك | كىتاب |

كامىل، مەكتەپكە كەتتى.

<ك> ھەرپىنى چىرايلىق يېزىشنى ۋە توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار.

كامىلە، مەكتەپكە كەتتى، ئەكبەرمۇ بارسۇن.

# G گ

گ گـ ـگـ ـگ

بەگ گۈل ئىگە رەڭگ+ى





گى + لەم = گىلەم

| | | |
|---|---|---|
| گال | گۈلدان | گۈلزار |
| گەپ | گۇمان | گىلەم |
| گۆش | ئايگۈل | ئەمگەك |

ئايگۈل، گۈل تېرىدى.

<ك> ۋە <گ> ھەرپلىرىنىڭ پەرقىگە دىققەت قىلغان ھالدا چىرايلىق يېزىشنى ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

گۈلبوستان، گېزىت ئوقۇيدۇ، ئەمگەك قىلىدۇ.

# NG ڭ

ڭ ڭـ ـڭـ ـڭ

ئوڭ ياڭاق يىڭنە كىرىڭ



يىڭنە



يىڭناغۇچ

| | | |
|---|---|---|
| توڭ | سىلەرنىڭ | ياڭاق |
| تەڭ | كىمنىڭ | تەڭگە |
| مىڭ | قەيەرنىڭ | تەڭرى |

ئانا، ماڭا ياڭاق بەر.

<ڭ> ۋە <ك> ھەرپلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ يېزىڭلار ۋە بۇ بەتتىكى سۆزلەرنى راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

باراڭ، تەڭتۇش، يېڭى، تەڭ، مېڭە، ماڭ



# 6- ئاساسىي مەشىق

## 1- كۆنۈكمە:

تۆۋەندىكى سۆزلەرنى چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. < ك >، < گ >، < ڭ > ھەرپلىرىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنىڭ سۆزلەردە قانداق قوللىنىلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىڭلار ۋە ھەر بىر ھەرپ ئۈچۈن ئۈچتىن سۆز يېزىپ كېلىڭلار.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ك | كۆك، بۆك، تۆك | گ | بەگ، تەگ | ڭ | كەڭ، تەڭ |
| كـ | كەتمەن، ئاكا | گـ | گۈل، ئەگەر | ڭـ | ياڭاق، ساڭا |
| ـكـ | ئىككى | ـگـ | ئىگەر، ئۈلگە | ـڭـ | سىڭلىڭ |
| ـك | بىرلىك، ئىلىك | ـگ | بىلىگ | ـڭ | سېنىڭ، مېنىڭ |

دىنىمىز ئىسلام، مىللىتىمىز ئۇيغۇر، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان.

# GH غ

غ غـ ـغـ ـغ

باغ غازاڭ يۇلغۇن تىغ



غاز



غەلۋىر

| | | |
|---|---|---|
| غازات | غۇلام | بۇغداي |
| زاغرا | ئوغۇل | غازى |
| گۈلباغ | نەغمە | غەلبە |

غۇلام، غەزەل ئوقۇدى.

<غ> ھەرپىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

باغۋەن، باغقا كۆچەت تىكتى.

H ھ

ـھـ ھ

ھەرە ئۇھ مەسلىھەت قەبىھ





| | | |
|---|---|---|
| ھەسەل | ھاشىم | ھازىر |
| ھالال | ھەرەم | ھەقىقەت |
| ھېساب | ھەمىشە | ھەدىس |

ھەسەن، ھەمىشە ھەقنى سۆزلەيدۇ.

<ھ> ھەرپىنى چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

باھاردا ھەممەيلەن بىرلىكتە ساياھەت قىلىمىز.



# 7- ئاساسىي مەشىق

**كۆنۈكمە:**

< غ > ۋە < ھ > ھەرپلىرىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى چىرايلىق يېزىش بىلەن بىرگە ئۇلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى مەشىق قىلىڭلارۋە بۇ ھەرپلەرنىڭ ھەر بىرىگە مىسالدا كۆرسىتىلگىنىگە ئوخشاش بەشتىن سۆز يېزىپ كېلىڭلار.

**مىسال:**

تاغ، قارىغاي، ياغ، غاز؛
پاھ، ھايات، مەھكەم، ھاشىم

# ج J

ج جـ ـجـ ـج

تاج جەرەن ئەنجۈر رەنج





| | | |
|---|---|---|
| جاي | ھاجىم | جاڭگال |
| جۈمە | ئاجىز | جەملە |
| جانان | جاسارەت | ھەج |

غۇلجا گۈزەل جاي.

<ج> ھەرپىنى ئون قېتىمدىن يېزىپ كېلىڭلار.

جەملە، جۈمە كۈنى غۇلجىغا كەتتى.

# CH چ

چ چـ ـچـ ـچ

چاچ چۆك بىرىنچى قورقۇنچ





| | | |
|---|---|---|
| چاي | چولپان | چامادان |
| چۈش | ئاچقۇچ | چۆچەك |
| كۈچ | چەرچەن | غۇنچە |

غۇنچەم، چاي ئىچتى.

<چ> ۋە <ج> ھەرپلىرىنى ئارىلىرىدىكى پەرقلەرگە دىققەت قىلغان ھالدا يېزىش ۋە ئوقۇشنى ئۆگىنىڭلار.

بىلىم كۈچ، بىرلىك كۈچ، ئىتتىپاقلىق كۈچ

# X خ

خ خـ ـخـ ـخ

شاخ خالتا پىخسىق تارىخ





| | | |
|---|---|---|
| خەت | خەرتە | خوتەن |
| نەخ | پاختا | خۇشخۇي |
| شوخ | ناخشا | خوراز |

ئەختەم، خەرىتىنى ياخشى بىلىدۇ.

<خ> ۋە <ج> <چ> ھەرپلىرىنى ئارىلىرىدىكى پەرقلەرگە دىققەت قىلغان ھالدا يېزىش ۋە ئوقۇشنى ئۆگىنىڭلار.

خەلقىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن.

ژ ل

ژ ژ

ژۇرنال ژانىر پىژ- پىژ





| | | |
|---|---|---|
| پارىژ | بوژغۇن | ئىنژېنېر |
| گاژ-گوژ | پۇرژىنا | پىژغىرىم |
| مىژ- مىژ | غاژ- غۇژ | چېرتيوژ |

بۇ ژۇرنال پارىژدا بېسىلىدۇ.

<ژ> ھەرپىنى چىرايلىق يېزىشنى ۋە توغرا ئوقۇشنى ئۆگىنىڭلار.

تۇرپاندا پىژغىرىم ئاپتاپ بولىدۇ.

# W ۋ

ۋ ـۋ

ۋەدە بوۋا باغۋەن ئاقىۋەت





ۋاقىت ۋەتەن ناۋات
ۋەزىپە ۋىجدان ئەۋلىيا
داۋۇت ۋەزىر ئايۋان

بىزنىڭ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان.

<ۋ> ھەرپىنى چىرايلىق يېزىشنى ۋە توغرا ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە <ۋ> ھەرپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلەرنى يېزىپ كېلىڭلار.

ۋەتەن ئۈچۈن بارلىقىمىز پىدا بولسۇن!



# 8- ئاساسىي مەشىق

**1-كۆنۈكمە:**

تۆۋەندىكى سۆزلەرنى دىققەت بىلەن ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى < ج >، < چ >، < خ >، < ژ> ۋە < ۋ> ھەرپلىرىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنىڭ سۆزلەردە قانداق ھالەتتە يېزىلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىڭلار ۋە بۇ سۆزلەرنى دەپتىرىڭلارغا ئىككى قېتىمدىن كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ج | تاج، باج | ـچـ | قېچىر، قىچا | ـخ | تارىخ، بىخ |
| جـ | جامال، جەننەت | ـچ | قىلىچ، غىرىچ | ژ | ژۇرنال، ژانىر |
| ـجـ | ئەنجۈر، ئايجامال | خ | شاخ، شوخ، دەرەخ | ـژ | پارىژ، ئىستىژېر |
| چ | چاچ، قاچ، ئۈچ | خـ | خەت، ئەخلەت | ۋ | ۋەتەن، ناۋات |
| چـ | چېنەك، چامادان | ـخـ | ئىخچام، ئىشخانا | ـۋ | باغۋەن، چىۋەر |

# ھەرپ، بوغۇم، سۆز ۋە تىنىش بەلگىلىرى

## 1. ھەرپ

تىل تاۋۇشلىرىنى يېزىقتا ئىپادىلەيدىغان ئەڭ كىچىك بەلگە ھەرپ دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: ئا، ئە، ئو، ئۇ، ت، ب، س، ج ۋە باشقىلار.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا 32 ھەرپ بار بولۇپ، بۇنىڭ «ئا، ئە، ئې، ئى، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ» لاردىن ئىبارەت 8ى سوزۇق تاۋۇش ھەرپى، «ن، ت، س، ش، م، ل، ب، پ، ر، ز، د، ي، ف، ق، ك، گ، ڭ، غ، ھ، ج، چ، خ، ژ، ۋ» لاردىن ئىبارەت 24ى ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپىدۇر.

## 2. بوغۇم

تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ بۆلۈنۈپ ـ بۆلۈنۈپ ئېيتىلغان قىسمى بوغۇم دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ بىر بوغۇمىدا بىرلا سوزۇق تاۋۇش ھەرپى بولىدۇ.

مەسىلەن: مەن، سەن، ئۇ، بىز، نان، ئانا، مەكتەپ ۋە باشقىلار.

بوغۇم بىر سوزۇق تاۋۇشتىن ياكى بىر سوزۇق تاۋۇشقا بىر ياكى بىر نەچچە ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ قوشۇلىشىدىن تۈزۈلىدۇ.

مەسىلەن: ئۇ، ئا ـ نا، دەرس ۋە باشقىلار.

قۇر ئاخىرىغا كېلىپ قالغان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ شۇ قۇرغا سىغماي قالغان قىسمى كېيىنكى قۇرغا بوغۇم بويىچە كۆچۈرۈپ يېزىلىدۇ. بۆلۈنگەن بوغۇمنىڭ ئاخىرىغا سىزىقچە (ـ) قويۇلىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| مەسىلەن: مەك ـ | تۈركىس ـ | ئا ـ |
| تەپ | تان | نا |

## 3. سۆز

- بىر مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەر يىغىندىسى سۆز دېيىلىدۇ.
مەسىلەن: ۋەتەن، ئانا، مۇئەللىم، دەرس، كىتاب، قەلەم ۋە باشقىلار.
- سۆزلەر بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق بولىدۇ.
مەسىلەن:
گۈل، بەش، تۆت، ئال، ۋەتەن، دۆلەت، مۇسۇلمان، ئوقۇغۇچى، ئۇيغۇر.

# 4-تىنىش بەلگىلىرىنىڭ نامى ۋە ئىشلىتىلىشى

### (1) چېكىت ( . )

- خەۋەر جۈملىلەردىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:
بىزنىڭ يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستان.
بارىن ئىنقىلابىغا 17 يىل بولدى.
- سىلىق، ئاستا ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلغان بۇيرۇق، مەسلىھەت، ئۆتۈنۈش، چاقىرىق مەنىسىدىكى بۇيرۇق، ئۈندەش جۈملىلەردىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:
چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىڭلار.
- قىسقارتىپ يېزىلغان خاس ئىسىملارنىڭ ئارىسىغا چېكىت قويۇلىدۇ.
مەسىلەن:
ئا.ئۆتكۈر (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)، م.بۇغرا (مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا)

### (2) چېكىتلىك پەش ( ؛ )

- مەزمۇن جەھەتتىن ھەم مۇستەقىل، ھەم بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئاددىي جۈملىلەردىن تەركىب تاپقان، تۈزۈلۈشى مۇرەككەپرەك قوشما جۈملىلەردە چېكىتلىك پەش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:
مۇلايىم سۆزلۈك، ماھىر تېۋىپ تەن رەنجىگە شىپا؛ بەتخۇي، نادان تېۋىپ خەلق جېنىغا بالادۇر.

### (3) قوش چېكىت ( : )

جۈملىدىكى تەڭداش بۆلەكلەردىن ئاۋۋال ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆز كەلسە، ئۇنىڭدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرىنى ھىمايە قىلىش يىغىنىدا ھەرخىل تېمىلار: مۇستەملىكە ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي مەسىلىلىرى، سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ ئەھۋالى، پىكىر ئەركىنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر بويىچە مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ.

### (4) سوئال بەلگىسى ( ؟ )

سوئال جۈملىلەردىن كېيىن سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر پەرزەنتى تۇرۇپ، ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى، يېزىشنى بىلمەمسىز؟

### (5) ئۈندەش بەلگىسى ( ! )

ئۈندەش، بۇيرۇق جۈملىلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ياشىسۇن مۇستەقىللىق يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىمىز! ياشىسۇن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسى!

- كۈچلۈك ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلغان ئىملىقلاردىن كېيىن ۋە قاراتما سۆزلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئاھ ۋەتىنىم! مەن سېنى چىن دىلىمدىن سۆيىمەن!

ھەي ئېسىت، بۈگۈنكى نامايىشقا قاتنىشالماي قالدىم ـ دە!

### (6) پەش ( ، )

جۈملىدىكى تەڭداش بۆلەكلەرنى بىر ـ بىرىدىن ئاجرىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئۈستىگە قارا سوكىنىدىن چاپان، پۇتىغا خۇرۇم ئۆتۈك، بېشىغا قاما قۇلاقچا كىيگەنىدى.

- قاراتما سۆز، ئۈندەش سۆز ۋە قىستۇرما سۆزلەرنى جۈملىدىن ئاجرىتىش ئۈچۈن پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ـ ئېلىپ ئەپەندى، سىز قاچانلاردىن بېرى چەتئەللەردە سەرگەردان ياشاۋاتىسىز؟

### (7) تىرناق ( )

جۈملىدە ئىزاھلاشقا تېگىشلىك سۆز - جۈملىلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەتە شېھىتلەرنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدۇ (ئۆتكەن يىلى قاتناشمىغان بولغاندىن كېيىن)، سەن جەزمەن قاتناشقىن.

### (8) قوش تىرناق ( « » )

جۈملە ئىچىدە كەلگەن كۆچۈرمە جۈملىلەر ۋە كىتاب، ژۇرنال، گېزىت ناملىرى، ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ ناملىرى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ.

مەسىلەن:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئامانەت ئۆز ئىگىسىگە يەتمىسە قىيامەتنى كۈت.» دېگەنىدى.

### (9) سىزىقچە ( ـ )

سۆزلەرنى قۇردىن قۇرغا كۆچۈرۈشتە سىزىقچە قويۇلىدۇ. جۈپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ۋە «ھە»، «دە» ئىنتوناتسىيە ئۈلانمىلىرىنىڭ ئالدىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:

تىل - يېزىق، قىش - ياز، كىيىم - كېچەك

### 1- كۆنۈكمە

ھەسەل، سۈت، سۇ، قەشقەر، ئېلىپبە، مۇئەللىم، مەكتەپ، كىتاب، دەپتەر

1- يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى ئىككى قېتىمدىن كۆچۈرۈپ چىقىڭلار.

2- ھەر بىر سۆزنىڭ قانچە ھەرپتىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

3- ھەر بىر سۆزنىڭ قانچە بوغۇمدىن تەركىب تاپقانلىقىنى تېپىپ چىقىڭلار.

4- ئۆزۈڭلار يۇقىرىقى سۆزلەردىن سىرت بەشتىن سۆز يېزىپ، ئۇلارنىڭ قانچە ھەرپ ۋە قانچە بوغۇمدىن تەركىب تاپقانلىقىنى يېزىپ كېلىڭلار.

### 2- كۆنۈكمە

32 ھەرپنى رەتلىك، چىرايلىق قىلىپ يادقا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

# تەپەككۇر جەۋھەرلىرى

- ئالتۇن قەپەز قىزىلگۈللەر بىلەن بېزەپ قويۇلغان بولسىمۇ، بۇلبۇلغا تىكەنچىلىك ماكان بولالمايدۇ.

- ئەلىشىر ناۋايى

- كۆپچىلىكتىن بۆلۈنمە، خەلقتىن ئايرىلما، ئەگەر خەلق بىلەن بىرلىكتە بېشىڭغا ئۆلۈم كەلسىمۇ، ئۇنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن توي- مەرىكە دەپ بىلگىن.

- موللا مۇسا سايرامى

- ئىلىمسىز مىللەت نادان قالىدۇ، ئىلىمگە تىرىشقان مىللەتتىن دۇنياۋى ئالىملار يېتىشىپ چىقىدۇ.

- ئەلىشىر ناۋايى

- دۈشمەن بىر بولسىمۇ، زىيىنى مىڭدۇر. مىڭ دوستۇڭ بولسىمۇ، يەنە بىرى كەمدۇر. كىشى دۈشمەندىن پايدا كۆرمىدى، ئەگەر كۆرگەن بولسا، ئۆزىنىڭ ئەپچىللىكىدىن كۆردى.

- يۈسۈپ خاس ھاجىپ

- ئەيىبىڭنى كۆرسىتىپ بەرگەن كىشىگە خاپا بولما، چۈنكى، ئۇ سەن ئۈچۈن ئەينەك. ئەينەك بولمىسا يۈزۈڭدىكى قارىنى كۆرەلەمسەن؟!

- ئەلىشىر ناۋايى

- ھەر ئادەم زۇلۇم ئاستىدا قېلىشقا چىدىمايدۇ. زۇلۇمغا پەقەت ئېشەكلا چىدايدۇ.

- ئابدۇقادىر ئەزىزى

# خامخىيال

(مەسەل)

بىر بالا جاڭگالغا ئوتۇن ئالغىلى بېرىپ، بىر جىگدىنىڭ تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان توشقاننى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، خىيالغا چۆكۈپتۇ:

«هازىر مۇشۇ توشقاننى تۇتۇۋالسام، بازارغا ئاپىرىپ ساتسام، پۇلىغا بىر توخۇ ئالسام، توخۇ تۇخۇم تۇغسا، تۇخۇمنى كۆرۈك توخۇغا باستۇرۇپ بەرسەم، ئون بەش چۆجە چىقارسا، چۆجىلەر چوڭ بولغاندا، سېتىپ بىر قوي ئالسام، قوي ئەككىدىن تۇغسا، چوڭ بولغان قوزىلارنى سېتىپ راسا كېلىشكەن بىر ئات ئالسام، مال - ۋاران پادا - پادا بولۇپ كەتسە، بىر قىسمىنى سېتىپ قورو - جاي ئالسام، يەر ئېلىپ دېهقانچىلىق قىلسام، بۇغدايلىرىم ئوخشاپ، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلەر پىشىپ كەتسە، ئاپام بىلەن دادام: ‹يارايسەن ئوغلۇم! يارايسەن!› دەپ كېتەتتى - هە!» - دەپ بىر ۋاقىرىغانىكەن، توشقان ئۈركۈپ قېچىپ كېتىپتۇ، بالا:

- ھەسسىنە! - دەپ ئاغزىنى تۇتۇپلا قاپتۇ.

**كۆنۈكمە:**

1- تېكىستنى راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2- خىيالپەرەستلىكنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر - بىرىڭلارغا ئېيتىپ بېرىڭلار.





# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر
## (1901 ـ 1933)

ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، تۇرپاندا بىر زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىك ۋاقتىدىلا دادىسى بىلەن بىرلىكتە خىتاي، روسىيە، فىنلاندىيە قاتارلىق ئەللەرنى زىيارەت قىلغان. شائىرنىڭ بۇ زىيارىتى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىدە كەۋدىلىك رول ئوينىغان؛ چۈنكى شائىر چەتئەلنىڭ سىياسىي تۈزۈملىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق خىتاينىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتتىكى ھاياتىنى، تەرەققىي قىلىۋاتقان، ھەركىم ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولىۋاتقان دۇنيادا، ئۇيغۇرلارنىڭ سۈت ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ۋە ئەزىز مىللىتىنى ئويغىنىشقا چاقىرغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋەتەن سۆيۈشكە، جاسارەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدىغان شېئىرلىرى ئارقىلىق مىللەتنى ئويغىتىشنى مەقسەت قىلغان. 1932ـ يىلى ئوخشاش پىكىرلىك دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە «تۇرپان ئىنقىلابى مەركىزى كومىتتى» نى قۇرۇپ چىققان. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي تەشكىلات ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان خائىنلارنىڭ بىرى جاللات شىڭ سىسەيگە چېقىپ قويغان. نەتىجىدە ئوت يۈرەك شائىر قولغا ئېلىنىپ شېھىت قىلىنغان. شائىر ئاجايىپ ئېسىل شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ ئۇلارنىڭ بىرى خەلقىمىز ئارىسىدا داستانغا ئايلانغان «ئويغان» ناملىق شېئىرىدۇر.

## ئويغان

ئەي پېقىر ئۇيغۇر، ئويغان، ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر.
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ،
ئاھ سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.

# خامخىيال

(مەسەل)

بىر بالا جاڭگالغا ئوتۇن ئالغىلى بېرىپ، بىر جىگدىنىڭ تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان توشقاننى كۆرۈپ قاپتۇ- دە، خىيالغا چۆكۈپتۇ:

«ھازىر مۇشۇ توشقاننى تۇتۇۋالسام، بازارغا ئاپىرىپ ساتسام، پۇلىغا بىر توخۇ ئالسام، توخۇ تۇخۇم تۇغسا، تۇخۇمنى كۆرۈك توخۇغا باستۇرۇپ بەرسەم، ئون بەش چۆجە چىقارسا، چۆجىلەر چوڭ بولغاندا، سېتىپ بىر قوي ئالسام، قوي ئىككىدىن تۇغسا، چوڭ بولغان قوزىلارنى سېتىپ راسا كېلىشكەن بىر ئات ئالسام، مال - ۋاران پادا - پادا بولۇپ كەتسە، بىر قىسمىنى سېتىپ قورو- جاي ئالسام، يەر ئېلىپ دېھقانچىلىق قىلسام، بۇغدايلىرىم ئوخشاپ، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلەر پىشىپ كەتسە، ئاپام بىلەن دادام: <يارايسەن ئوغلۇم! يارايسەن!> دەپ كېتەتتى - ھە!»- دەپ بىر ۋاقىرىغانىكەن، توشقان ئۈركۈپ قېچىپ كېتىپتۇ، بالا:

- ھەسسىنە! - دەپ ئاغزىنى تۇتۇپلا قاپتۇ.

كۆنۈكمە:

1- تېكىستنى راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2- خىيالپەرەستلىكنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر - بىرىڭلارغا ئېيتىپ بېرىڭلار.



# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر
## (1901 ـ 1933)



ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، تۇرپاندا بىر زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىك ۋاقتىدىلا دادىسى بىلەن بىرلىكتە خىتاي، روسىيە، فىنلاندىيە قاتارلىق ئەللەرنى زىيارەت قىلغان. شائىرنىڭ بۇ زىيارىتى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىدە كەۋدىلىك رول ئوينىغان؛ چۈنكى شائىر چەتئەلنىڭ سىياسىي تۈزۈملىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق خىتاينىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتتىكى ھاياتىنى، تەرەققىي قىلىۋاتقان، ھەركىم ئۆز ـ ئۆزگە خوجا بولىۋاتقان دۇنيادا، ئۇيغۇرلارنىڭ سۈت ئۇيقۇدا ئوخلاۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ۋە ئەزىز مىللىتىنى ئويغىنىشقا چاقىرغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋەتەن سۆيۈشكە، جاسارەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدىغان شېئىرلىرى ئارقىلىق مىللەتنى ئويغىتىشنى مەقسەت قىلغان. 1932ـ يىلى ئوخشاش پىكىرلىك دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە «تۇرپان ئىنقىلابىي مەركىزى كومىتېتى» نى قۇرۇپ چىققان. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي تەشكىلات ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان خائىنلارنىڭ بىرى جاللات شىڭ سىسەيگە چېقىپ قويغان. نەتىجىدە ئوت يۈرەك شائىر قولغا ئېلىنىپ شېھىت قىلىنغان. شائىر ئاجايىپ ئېسىل شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ ئۇلارنىڭ بىرى خەلقىمىز ئارىسىدا داستانغا ئايلانغان «ئويغان» ناملىق شېئىرىدۇر.

## ئويغان

ئەي پېقىر ئۇيغۇر، ئويغان، ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر.
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ،
ئاھ سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.

قوپ! دېدىم، بېشىڭنى كۆتۈر، ئۇيقۇڭنى ئاچ،
رەقىبىڭنىڭ بېشىنى كەس، قېنىنى چاچ.
كۆز ئېچىپ ئەتراپقا ئوبدان باقمىساڭ،
ئۆلسەن ئارماندا، بىر كۈن يوق ئىلاج.

ھېلىمۇ جانسىزغا ئوخشايدۇ تېنىڭ،
شۇڭا يوقمۇ ئانچە ئۆلۈمدىن غېمىڭ.
قىچقىرسام قىمىرلىمايلا ياتسەن،
ئويغانماي ئۆلمەكچىمۇ سەن شۇ پېتىڭ.

كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا باق،
ئۆز ئىستىقبالىڭ ھەققىدە ئويلان ئۇزاق.
كەتسە قولدىن بۇ غەنىمەت پۇرسەت،
كېلىچەك ئىشىڭ چاتاق، ئىشىڭ چاتاق.

ئېچىنار كۆڭلۈم ساڭا، ھەي ئۇيغۇرۇم،
سەپدىشىم، قېرىندىشىم، بىر تۇغقىنىم.
كۆيۈنۈپ ھالىڭغا ئويغاتسام سېنى،
ئاڭلىمايسەن زادى، نېمە بولغىنىڭ.

كېلىدۇ بىر كۈن پۇشايمان قىلىسەن،
تەكتىگە گەپىڭ شۇ چاغدا يېتىسەن.
«ھەي» دېسەڭ شۇ چاغدا ئۆلگۈرمەي قالۇر،
شۇندا، ئۇيغۇر، سۆزىگە تەن بېرىسەن.

## كۆنۈكمە:

1- يۇقىرىدىكى تېكستكە ئاساسەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى، نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.
2- «ئويغان» ناملىق بۇ شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.
3- بۇ شېئىرنى دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

## تۆۋەندىكى كۆكتاتلارنىڭ ئىسىملىرىنى يادلىۋېلىڭلار ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىپ ئادەتلىنىڭلار.



مەكە چامغۇر



پەتىنگان



تەرخەمەك



يازلىق يېسىۋىلەك



شوخلا



مۇچ



ئىتالىيە كاپۇستىسى



گۈل كاپۇستا



قاتكۆك



تۇرۇپ



سەۋزە



يېسىۋىلەك



چامغۇر



كەرەپشە



كۆدە



باقلە

# ماقال - تەمسىللەر

يۇرت سۆيمەسنىڭ ئىمانى سۇس بولىدۇ.

ئادەمنىڭ ياخشىسى ئەل - يۇرتۇم دەپ ئۆلەر.

ئانا تىلىڭ - ئىككىنچى ئېلىڭ.

ئانا ماكان - جەننەتۇلرىزۋان.

ئەلدىن ئايرىلغۇچە جاندىن ئايرىل.

ئەلنىڭ نومۇسى - ئەرنىڭ نومۇسى.

تورغاينىڭ جەننىتى - يانتاق تۈۋىدە.

تۇغۇلغان يېرىڭگە تۇغۇڭنى تىكلە.

ئۆزۈڭ ئۈچۈن كۈل،
يۇرتۇڭ ئۈچۈن ئۆل.

ئات كىشنىشىپ تېپىشار،
ئادەم سۆزلىشىپ (تېپىشار).

ئاقىل ئۆگىنەر،
ئەخمەق ئۆگىتەر.

ئاۋۋال ئۆز ئەيىبىڭنى بىل،
كېيىن ئۆزگىدىن كۈل.

ئەسكى ئۆزىنى بىلمەس،
كىشىنى كۆزگە ئىلمەس.

ئات چېپىشى بىلەن قەدىرلىك،
ئەر تۆھپىسى بىلەن (قەدىرلىك).

ئادەم راستچىللىق بىلەن كۈچلۈك.

ئازغاننىڭ يولىنى تۇتما،
نامەرتنىڭ قولىنى (تۇتما).

باتۇر دۈشمەنسىز بولماس.

باتۇر يالغۇزلۇقتىن قورقماس.

پاشىنىڭ ئۆۋىسى يوق،
پەسنىڭ مىللىتى (يوق).

تىنچلىق ئۈچۈن مېلىڭنى تىك،
ھەقىقەت ئۈچۈن جېنىڭنى (تىك).

ئاتمىش ياشتا بىلمىسەڭ،
ئالتە ياشلىقتىن سورا.

# ئابدۇلئەزىز مەخسۇم

## (1982-1894)



دىنى ئالىم، ئىنقىلابچى ۋە شائىر ئابدۇلئەزىز مەخسۇم، 1894-يىلى ئۇيغۇر يېڭىلىق ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى، جامائەت ئەربابى، يېتىشكەن ئالىم، شۇنداقلا يېڭى زامان ئۇيغۇر مائارىپىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى، ئىسلاھاتچى زات ئابدۇقادىر داموللام ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1920- يىللىرى ھىندىستاندا ئوقۇغان. 1924- يىلى ۋەتەنگە قايتىپ بېرىپ، ۋەتەن ۋە خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقى يولىدا توختاۋسىز كۈرەش قىلغان. ھىندىستاندىن قايتىپ بارغاندىن كېيىنكى 58 يىللىق ھاياتىنىڭ 43 يىلىدىن كۆپرەكىنى خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ زەي زىندانلىرىدا ئۆتكۈزگەن. 1980- يىلى كۈز ئايلىرىدا قاماقتىن بوشىتىلغان. دۇنيا سىياسىي تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئۇزۇن مۇددەت تۈرمىدە ياتقان ئابدۇلئەزىز مەخسۇم خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆچمەن يۆتكەش سىياسىتىگە بارلىق كۈچى بىلەن قارشى تۇرغان. 1982- يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا خىتاينىڭ كۆچمەن سىياسىتىگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كۆچمەن ئېلىپ كىلىۋاتقان پويىزنىڭ ئالدىدا قەددىنى كېرىپ تۇرغان. پويىز بىلەن يەنچىپ تاشلانغان مەرھۇم ئىنقىلابچىمىزنىڭ مۇستەقىللىق يولىدا يالغۇنجىغان ساپ قېنى ئانا تۇپرىقىغا تۆكۈلگەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەتكە بولغان ساپ مۇھەببىتىنى نۇرغۇنلىغان ئېسىل شېئىرلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن. ئۆزىدە ھەقىقىي ئىنقىلابچىنىڭ روھىنى نامايەن قىلغان مەرھۇم شېھىدىمىز بىزگە خىتاب

قىلىپ يازغان «ئايرىلمىسۇن» ناملىق شېئىردا مونۇلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

# ئايرىلمىسۇن

مىللىتىم ئىنسانىيەت مەيدانىدىن ئايرىلمىسۇن،
مىللىتىم ئىسلامىيەت ئىمانىدىن ئايرىلمىسۇن،
مىللىتىم ھەققانىيەت ۋىجدانىدىن ئايرىلمىسۇن،
مىللىتىم تۇرانىيەت ئۇنۋانىدىن ئايرىلمىسۇن،
مىللىتىم ھۆر ئاپىيەت دەۋرانىدىن ئايرىلمىسۇن.

مىللىتىم بىلسۇن ۋەتىنىنى، قەدرىنى خار ئەتمىسۇن،
بۇ مۇقەددەس جان ۋەتەن، جان ئانىنى زار ئەتمىسۇن،
باشقىلار بىزنىڭ دېگەن شۇم سۆزگە ئىقرار ئەتمىسۇن،
مۇشتەرىك دۆلەت دېگەن يالغاننى دەركار ئەتمىسۇن،
ئانا ۋەتەن شەرقىي تۈركىستانىدىن ئايرىلمىسۇن.

ۋەتەن مىللەتنى سۆيمەك، ئەھلى ئىسلام شانىدۇر،
بۇ ھەقىقەت، بۇ ئادالەت تەڭرىنىڭ پەرمانىدۇر،
بۇ ئېنىق، سىر شۈبھىسىز ھەققانىيەت مىزانىدۇر،
ئەسلى ـ نەسلى پاك، ۋىجدان ئەھلىنىڭ جانانىدۇر،
جاندىن ئايرىلسۇن لېكىن جانانىدىن ئايرىلمىسۇن.

كۆنۈكمە:

1- يۇقىرىدىكى تېكىستكە ئاساسەن ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ نېمە ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى، نېمىشقا تۈرمىگە تاشلانغانلىقىنى دەپتىرىڭلارغا يېزىپ كېلىڭلار.
2- «ئايرىلمىسۇن» ناملىق بۇ شېئىرنى پىششىق يادلاڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

# خۇدايىم بۇيرىسا ئېرىڭ

بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ ئايالى تازا ئوخشىتىپ ئەتكەن پولونى ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا قويغانىكەن، ئەپەندىم:

— بۇنداق ئوخشىغان پولونى تويغۇدەك يەيمىز - دە، - دەپتۇ. ئايالى ئەپەندىمگە:

— خۇدايىم بۇيرىسا دېسىلە، - دېگەنىكەن، ئەپەندىم:

— خوتۇن، داستىرخانغا كېلىپ بولغان پولو دېگەننى خۇدايىم بۇيرىسىمۇ يەيمىز، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە بىرسى ئەپەندىمنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ. ئەپەندىم ئىشىكنى ئاچقانىكەن، يامۇلدىن كەلگەن ئىككى گۇندىپاي ئەپەندىمنى «مەھكىمىدىن چاقىرتىلدىڭ» دەپ يالىغانچە ئېلىپ بېرىپ تۈرمىگە سولاپ قويۇپتۇ. ئەپەندىم ئىككى يىلدىن كېيىن تۈرمىدىن چىقىپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە، ئىشىكنى قېقىپتۇ. ئايالى:

- كىم، - دەپ سورىغانىكەن. ئەپەندىم دەرھال:

- خۇدايىم بۇيرىسا ئېرىڭ، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.



## كۆنۈكمە:

1- بۇ لەتىپىنى راۋان ۋە توغرا ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2- ھەر بىرىڭلار ساۋاقداشلىرىڭلارغا بىردىن لەتىپە سۆزلەپ بېرىڭلار.

3- بۇ تېكىستتە سىلەر چۈشەنمەيدىغان سۆزلەر بولسا مۇئەللىمىڭلاردىن سوراپ بىلىۋېلىڭلار.

# پاكلىق ئۆلگىسى

ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپە بولغان مەزگىللىرىنىڭ بىر ئاخشىمى خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان ئەسنادا ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا بىر مېھمىنى كېلىپ قاپتۇ-دە، ئولتۇرۇپ پاراڭنى باشلاپتۇ. ھەزرىتى ئۆمەر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، يېنىۋاتقان شامنى ئۆچۈرۈپتۇ-دە، ئورنىغا باشقا بىر شامنى ياندۇرۇپتۇ. ھەيرانۇ-ھەس بولۇپ قالغان مېھمان بۇ ئىشتىن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىگەندىن كېيىن، ھەزرىتى ئۆمەردىن:

— ئۇمۇ شام، بۇمۇ شام، ھەر ئىككىلىسى ئوخشاش يورۇقلۇق بېرىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا بىرىنى ئۆچۈرۈپ، يەنە بىرىنى ياقتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ھەزرىتى ئۆمەر:

— ئۆچۈرىۋەتكەن شام خەلقنىڭ پۇلىغا ئېلىنغان، مېنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىمنى قىلغاندا، دوستلىرىم بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئۇنى ئىشلىتىش ھەققىم يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شامنى ئۆچۈرۈپ، ئورنىغا ئۆزۈمنىڭ پۇلۇمغا ئالغان شامنى ياقتىم، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**كۆزنۆكمە:**

بۇ تېكىستنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئومۇمنىڭ خىزمىتىنى قىلغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ساۋاقداشلىرىڭلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار. شۇنىڭدەك بارلىق ئىشلاردا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ خىل ئېسىل خىسلىتىدىن ئۆگىنىشكە تىرىشىڭلار.

«ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.»

- قۇرئان كەرىم

# مەدەنىيەت جەڭچىسى—قۇتلۇق ھاجى شەۋقى
# (1937-1876)

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ۋە ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى ساھەسىدىكى تۆھپىسى بىلەن خەلقىمىز ئىچىدە خېلى زور تەسىر پەيدا قىلغان مەدەنىيەت جەڭچىسى ۋە خىتايلار تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان مىللىي قەھرىمانلارنىڭ بىرى.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى 1876- يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدىكى يەرلىك ئەمەلدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۇ قەشقەردىكى مەدرىسلەرنىڭ بىرىدە ئوقۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگەللىدى. 1908- يىلىدىن باشلاپ، قاھىرەدىكى ئەزھەر دارۇلفۇنۇنىدا، ئىستانبۇلدىكى ئالىي بىلىم يۇرتىدا ۋە بۇخارا مەدرىسلىرىدە ئوقۇپ، ئۇزاق مۇددەت بىلىم تەھسىل قىلىپ، زامانىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلىم ئەھلى بولۇپ يېتىشكەن. چەتئەلدە كۆزى ئېچىلغان شەۋقى، مىللەتنى ئاقارتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يېتىپ، بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن نەشرىياتچىلىققا ئەھمىيەت بەردى. ئۇ 1918- يىلى «ئاڭ گېزىتى»، 1933- يىلى «ئەركىن ھايات گېزىتى»نى، 1934- يىلى 23- ئاۋغۇستتىن باشلاپ «يېڭى ھايات گېزىتى»نى نەشر قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا تىرىشقان ئىدى. ئەمما گېزىت تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، تاقىۋېتىلگەن. ئۇ تارىخ ساھەسىدىمۇ مۇھىم ئەمگەكلەرنى قىلىپ، «ۋاقەئىي كاشغەر» ناملىق كىتابنى يازغان. ئۇ يەنە تۈركىيىدە نەشر قىلىنغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، مەتىلى ئەپەندى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا باشلىغان. ئەمما قىسمەت بۇ ئەمگەكنى تۈگىتىشكە ئىمكان بەرمەي، 1937- يىلى جاللات شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە

تاشلىنىپ، ئۆكتەبىردە 61 يېشىدا پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن.

ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن باشقا ئاجايىپ جەڭگىۋار شېئىرلىرىمۇ بار بولۇپ، مىسرالىرىدا ئۇنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىنىڭ ساداسى جاراڭلاپ تۇرىدۇ. «ئانا تىل» ۋە «بىر قىلىچ» قاتارلىقلار مانا شۇلارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

## ئانا تىل

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززىتىن قىلغۇم كېلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بېرىپ ئالغۇم كېلۇر.

بۇ ئانا تىل بولسا گەر ئامېرىكايۇ، ئافرىقىدا،
سەرپ ئېتىپ مىڭلارچە تىللار، ئاندا مەن بارغۇم كېلۇر.

ئەي ئانا تىل، بىزگە سەن ئۆتكەن ئۇلۇغلاردىن نىشان،
سەن بىلەن روھىي زېمىندا ئېيتىشالانغۇم كېلۇر.

## بىر قىلىچ

بىر قىلىچ بەرسە خۇدا كەس دەپ ئۇنىڭغا بۇيرىسام،
ئۈزسە خەلقىنىڭ بويىندىن خارلىق كىشەن زەنجىرىنى.
گەر خارابكەن ئەل – ۋەتەن بويىنۇمنى ئۈزسۇن ئۇ قىلىچ،
كۆرمىسۇن «شەۋقى» كۆزى قۇللۇقتا ئەل تەقدىرىنى.

كۆنۈكمە:

1- تېكىستنى راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2-«ئانا تىل» ۋە «بىر قىلىچ» ناملىق شېئىرلارنى يادلىۋېلىڭلار ۋە بۇ تېكىستنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتىڭلارنى ساۋاقداشلىرىڭلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار.

# پىداكار ئانا، قەھرىمان ئوغۇل

**(1899ـ 1951)**




ئانا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىنكى ئەڭ مەشھۇر قەھرىمانلىرىمىزنىڭ بىرى ـ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسى ئۆندىر قارا يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن ئوسمان ئىسلام ئوغلى، ئوتتۇراھال تۇرمۇش كەچۈرىدىغان دىندار بىر دېھقان ئائىلىسىنىڭ پەرزەنتى ئىدى. ئېگىز بويلۇق، كەۋدىلىك، ئورا كۆز، قاپ ـ قارا چاچلىق، قارىغان كىشىگە سۈرلۈك كۆرۈنىدىغان بۇ كىشى ئاز گەپ قىلىدىغان، تەمكىن ئادەم ئىدى. 40 يېشىغىچە دېھقانچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن ئوسمان ئىسلام ئوغلى كېيىنكى كۈنلەردە خەلقى تەرىپىدىن باتۇر ئۇنۋانى بىلەن مۇكاپاتلاندى. ئوسمان باتۇر خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھەر خىل يولسىزلىقلىرىغا چىداپ تۇرالمىدى. مۇستەبىتلەر خەلقنىڭ قولىدىكى قوراللارنى يىغىۋېلىشقا باشلىغاندا ئوسمان باتۇر:

— بۈگۈن قوراللىرىمىزنى يىغىۋالغانلار، ئەتە جېنىمىزنىمۇ ئالىدۇ. مەن قورالىمنى خىتايلارغا بەرمەيمەن. خالىسا، كۈچى يەتسە كېلىپ ئېلىۋالسۇن! ـ دېدى ۋە ئۆزى يالغۇز تاغقا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا يول يوقلۇقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ كۈرەش باشلىغان كۈندىن تارتىپ خەلقنىڭ ئىزچىل قوللىشىغا ئېرىشتى. ئانىسى ئايچە خېنىم، جانابى ئاللاھنىڭ ئوغلى ئوسماننى مۇھاپىزەت قىلىشىنى تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ:

— پەرۋەردىگارىم! مەن ئوغلۇمنى مۇشۇنداق كۈنلەر ئۈچۈن تۇغدۇم. خىتايلار ئەسىرلەردىن بېرى بىز تۈرك ئەۋلادلىرىنى گويا قويىنى بوغۇزلىغاندەك ئۆلتۈرۈپ كەلدى. بىزنىڭ جېنىمىز بىزدىن ئىلگىرى پىداكارلىق كۆرسىتىپ قۇربان بولغانلارنىڭ جېنىدىن قىممەتلىك ئەمەس. بىزدىن كېيىنكىلەرنىڭ ياشىشى ئۈچۈن ئوغلۇم، مەن ۋە باشقا پەرزەنتلىرىم ئۆلۈمگە ھازىرمىز، ـ دېدى.

1941ـ يىلىدا باشلانغان ئوسمان باتۇر ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرىنىڭ خىتاي ئىستىلاچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان قوراللىق كۆرىشى كاھىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشى شەكلىدە، كاھىدا مۇنتىزىم شەكلىدە تاكى شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۆرىشىنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان مەشھۇر قەھرىمانىمىزنىڭ 1950ـ يىلى نويابىر ئېيىدا

ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشىغا قەدەر داۋاملاشتى. ئۇ 50- يىللارغا كەلگەندە ۋەھشى كوممۇنىست خىتايلارنىڭ قەتلىئاملار بىلەن خەلقنىڭ ئازاتلىق ئارزۇسىنى بېتچىت قىلىشقا ھازىرلانغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەندە، چەتئەلگە چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ھازىرلانغان سەپداشلىرىغا شۇنداق دېگەندى:

— مەن سىلەرنى ئەيىپلىمەيمەن، ئەمما سىلەر بىلەن بىرلىكتە ۋەتەننى تەرك قىلىش نىيىتىمۇ يوق. ھايات تۇرۇپ، ۋەتىنىمنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تاپىنىدا چەيلەنگىنىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇشقا تاقەت قىلالمايمەن. شۇڭا ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىم قالغىچە خىتايلار بىلەن تىركىشىپ، ئەزىز تۇپرىقىمدا ئۆلۈشكە نىيەت قىلدىم. خالىغانلار مەن بىلەن بىللە قالسۇن، كەتمەكچى بولغانلار، كەتسۇن. كېتىدىغانلارغا بىرلا تاپىلايدىغىنىم، سىلەر چەتئەلگە سالامەت چىقىپ كېتەلىسەڭلار، شەرقىي تۈركىستان دېگەن بۇ تۇپراقنى، بۇ تۇپراقتا قان يىغلاپ قالغان قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، بولمىسا، ئاڭلا مەھشەردە شېھىتلەرنىڭ ئىككى قولى ياقاڭلاردا، سىلەردىن ھېساب سورايدۇ. بۇ ۋەتەننى ئۇنۇتماڭلار، بالاڭلاردىن — بالاڭلارغا ۋەسىيىتىڭلار بولسۇنكى، بۇ ۋەتەننى ئۇنۇتمىسۇن! ھامان بىر كۈن بۇ ۋەتەن بىزنىڭ بولىدۇ!...

كۆپ ئۆتمەي قەھرىمان ئوسمان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ئەسىر چۈشتى! ئىستىلاچىلار «ھىمايىچىلىرىڭنى ئېيتىپ بەر» دەپ ئۇنى ناھايىتى ئېغىر قىيىن - قىستاقلارغا ئالدى... خىتاي جاللاتلىرى 1951- يىلى 29- ئاپرېل خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلانى، قەھرىمان پەرزەنتىنى مىلتىق بىلىق بىلەن ئېتىپ شېھىت قىلدى. ئەمما ئوسمان باتۇر دارغا ئېتىلىشتىن بۇرۇن شۇنداق بىر سۆز قىلدىكى، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنقىلاب يولىغا مەشئەل ياققاندەك بولدى. خەلق ئىپتىخارلاندى، ئىستىلاچىلارنىڭ ئەندىشىسىگە ئەندىشە قوشۇلدى:

— مەن ئۆلىمەن، ئەمما خەلقىم، دۇنيا توختاپ قالغانغا قەدەر بۇ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ!

دەرۋەقە مەيلى قازاق، مەيلى ئۇيغۇر، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ بۈيۈك قەھرىماننى ئۇنۇتمىدى. كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى ۋە ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدۇ. ئاللاھ قەھرىمانىمىزنى ۋە بارلىق سەبداشلىرىنى جەننىتىگە نائىل قىلغاي.

### كۆنۈكمە:

1- بۇ تېكىستىكى چۈشەنمەيدىغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئوقۇتقۇچىڭلاردىن سوراپ بىلىۋېلىڭلار.

2- ئوسمان باتۇر ھەققىدىكى بۇ تېكىستتىن ئالغان تەسىراتىڭلارنى يېزىپ چىقىڭلار.

# ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان داموللام

## (1952-1912)

ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان داموللام مۇنداق دېيدۇ:

«ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ مىللى مەدەنىيتى ۋە ئانا تىلى مەۋجۇت بولۇشى لازىم. بىز ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئەبەدى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىمىز، دەيدىكەنمىز، ئۆزتىلىمىزنى پىششىق بىلىشىمىز ۋە يات تىللارنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىشىمىز لازىم.»

«ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەبەدى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان نۇرغۇن مەجبۇرىيەت ۋە ۋەزىپىلەر بار، بۇنىڭ ئەڭ مۇھىمى ئىككى مەجبۇرىيەت بولۇپ، بۇنىڭ بىرى دىنىي مەجبۇرىيەت بولسا، يەنە بىرى ۋەتەن ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتتۇر.»

چىڭگىزخان داموللام، 1912 - يىلى 1 - ئايدا بۆگۈر ناھىيىسىڭ يېڭىسار كەنتىدە ئاشۇر داموللا ھاجىم دېگەن دىنى زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى ئاشۇر داموللام يېتىشكەن دىنى ئالىم بولۇپ، ئەينى زاماندا بۆگۈرنىڭ قازىسى ئىدى. چىڭگىزخان داموللام باشلانغۇچ دىنى ساۋادىنى ئالدى بىلەن بۆگۈردە ئاتىسىدىن ئالغاندىن كېيىن، كۇچاردا، ھىندىستاندا، مىسىردا ئوقۇغان.

چىڭگىزخان داموللام 1950 - يىلى قولغا ئېلىنىپ، 1952 - يىلى

— يۇقىرىقى مەھەللىدە ئىككى بوۋاي بار، بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئاشۇلار بىلىدۇ. شۇلاردىن بىلىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ.

ئاسىم تىرىشقاق ھەم چىقىشقاق، مۇلايىم ئىكەن. قاسىم تۇرۇشقاق، ئىچى تار، ھورۇن ئىكەن. ئاسىم نۇرغۇن نەسىھەت قىلىپ يۇقىرىقى مەھەللىگە بېرىشقا قاسىمنى ئاران كۆندۈرۈپتۇ. ئۇلار يۇقىرىقى مەھەللىگە بېرىپ بىرىنچى بوۋاينىڭ ھويلىسىغا كىرسە، ھويلا بەكمۇ ئازادە، مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن بۇ بوۋاينى ئۆز دادىسىدەك ھۆرمەتلەپ، ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ ئەھۋال سوراپ، ئۆزىنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىدىكەن. بۇنى كۆرگەن ئاسىم:

— بوۋاي، ياشانغانلىرىدا مۇنداق زور ھۆرمەتكە قانداق ئېرىشتىلە؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي:

— بالام، مەن ياشلىقىمدا كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ، تاپقىنىمنى مەھەللىدىكىلەر بىلەن تەڭ يەپ، تەڭ خەجلەپ، بار-يوقۇمنى ئايىمىدىم، ھېچ كىمنى رەنجىتمىدىم، قولۇمدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلدىم. قېرىغىنىمدا مەھەللىدىكىلەر ھۆرمەتلەپ ماڭا ۋاپا قىلدى. ھېچ قانداق يالغۇزچىلىق تارتماي ئوبدان كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ.



ئۇلار ئىككىنچى بوۋاينىڭ ھويلىسىغا كىرسە، ھويلا پاسكىنىچىلىققا توشقان بولۇپ، بوۋاي ناھايىتى قېيىن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقان ئىكەن. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان ئىككى ساۋاقداش:

— بوۋا، نېمىشقا مۇنداق قېيىن تۇرمۇشقا قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بالىلىرىم، مېنىڭدىن نەسىھەت شۇكى، ياشلىقىڭلاردا باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈپ، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار. مەن ياش چېغىمدا تەرسا، كۇمالخور، پىخسىق ئىدىم. بۇ مەھەللىدە مەن ئۇرۇشمىغان بىرەرمۇ ئادەم يوق. ئويلىسام، شۇنچە ياشقا كەلگۈچە بىرەر كىشىگە ياخشىلىق قىلماپتىمەن. شۇڭا، قېرىغىنىمدا يەتكۈچە جاپا تارتىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

ئاسىم بىلەن قاسىم ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دانىشمەن ئۇستازى ئۇلارغا:

— ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، نېمە تېرىساڭ، قېرىغاندا شۇنى ئورايسەن. ياخشىلىقتىن ۋاپا، ئەسكىلىكتىن جاپا كېلىدۇ، — دەپتۇ. بۇ مەنىلىك گەپتىن ئاسىم كۈلۈمسىرەپ، قاسىم پۇشايمان ئىلكىدە قىزىرىپتۇ.

## كۆنۈكمە:

1- ئاسىم ۋە قاسىم قانداق دوستلاردىن ئىدى؟ ئۇلار نېمە ئىش قىلاتتى؟

2-«ۋاپا» دېگەن نېمە، «جاپا» دېگەنچۇ؟ بۇ سوئالغا تېكىستكە ئاساسەن جاۋاب بېرىڭلار.

3-بۇ چۆچەكنى ئوقۇغاندىن كېيىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭلار؟ تەسىراتىڭلارنى دەپتىرىڭلارغا يېزىپ كېلىڭلار.

4-چوڭ بولغاندا ياخشى كۈن كۆرۈش ئۈچۈن قانداق بولۇش كېرەكلىكى ھەققىدىكى چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

# بىزنىڭ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان




شەرقىي تۈركىستان ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇڭگو، موڭغۇلىيە، رۇسىيە فېدېراتسىيىسى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى، تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى، ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتى، پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى، تىبەت ۋە ھىندىستان جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ . يەر كۆلىمى 1 مىليون 828 مىڭ 418 كۋادرات كىلو مېتىر بولۇپ، بەزى دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا خېلى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي ياقىسى بىلەن غەربىي ياقىسىنىڭ ئارىلىقى 2000 كىلومېتىر، جەنۇبىي ياقىسى بىلەن شىمالىي ياقىسىنىڭ

ئارىلىقىدىكى ئەڭ كەڭ مۇساپە 1600 كىلومېتىر كېلىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننى ئالتاي، پامىر، قاراقۇرۇم ۋە ئالتۇنتاغ قاتارلىق ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. تەڭرىتېغى شەرقىي تۈركىستاننى جەنۇبىي ۋە شىمالىي تۈركىستان دەپ ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى قەدىمدىن تارتىپ خەلقئارا بىلەن




بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. مەشھۇر «يىپەك يولى» بۇنىڭ تارىخى دەلىلى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك خەلقىنىڭ نوپۇسى 20 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، يەرلىك خەلق ئىچىدە نوپۇسنىڭ 95% نى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلىدۇ، قالغان 5% نى قازاق، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق يەرلىك ۋە كىچىك خەلقلەر تەشكىل قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا 58 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستانغا ئېقىپ كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان جۇڭگولۇقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇسى 30 مىليوندىن ئاشىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەسلى خوجايىنى ۋە يەرلىك خەلقى بولغان

مىللەتلەر جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن «ئاز سانلىق مىللەتلەر» دەپ ئاتىلىپ، ھاقارەتلىنىپ كەلمەكتە.



شەرقىي تۈركىستان ئەلمىساقتىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا، ھۇن ئىمپېراتورلۇقى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 240 - يىلدىن مىلادى 216 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، كۆكتۈرك دۆلىتى (مىلادىنىڭ 551 - يىلىدىن 744 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر ئورخۇن قاغانلىقى (مىلادىنىڭ 745 - يىلىدىن 845 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى (مىلادى 850 - يىلىدىن 1212 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتى (مىلادى 850 - 1335 - يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر كەڭسۇ دۆلىتى (مىلادى 870 - 1036 - يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر سەئىدىيە دۆلىتى (1504 - 1678 - يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن)، قەشقەرىيە ئۇيغۇر دۆلىتى (1865 - 1877 - يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن)، خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى (1932 - 1933 - يىللىرى)، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى (1933 - 1937 - يىللىرى)، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى (1944 - 1949 - يىللىرى) قاتارلىق دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، مۇستەقىل ياشاپ كەلگەن خەلق ئىدى.

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭگو ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان بولۇپ، ھۆكۈمەت جۇڭگونىڭ مۇستەملىكە ئۆلكىسى بولۇپ ياشاپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار مىلادى 10 - ئەسىردە، تارىختا تۇنجى تۈرك - مۇسۇلمان خانى دەپ شۆھرەتلەنگەن، قاراخانىيلار خانلىرىدىن سۇلتان ساتۇق بۇغراخان زامانىدا يەنى مىلادى 932 - يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغاندىن بۇيان، ئىسلام ئېتىقادىغا ساداقەت بىلەن ئېسىلىپ كەلگەن مۇسۇلمان خەلقتۇر. ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇنلىغان ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار ۋە پەيلاسوپلار يېتىشىپ چىقىپ ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان، ئىسلام تارىخىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغان.

شەرقىي تۈركىستان يەر يۈزىدە ئىنسانىيەت يارىتىلغاندىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى بولۇپ كەلگەن. «ئۇيغۇر» ئۇيۇشماق، ئىتتىپاق بولماق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بىر



تارمىقى بولۇپ، تارىخنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كۆرەشچانلىقى بىلەن شانلىق مەدەنىيەت يارىتىپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

## كۆنۈكمە:

1- مەشىق: تۆۋەندىكىچە سوئاللارنىڭ جاۋابىنى قىسقىچە قىلىپ يېزىپ چىقىڭلار.

(1) شەرقىي تۈركىستان كىمنىڭ ۋەتىنى؟ قەيەرگە جايلاشقان ۋە قايسى دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ؟

(2) ۋەتىنىمىزنىڭ يەر كۆلىمى قانچىلىك؟

(3) شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلقلەر كىملەر ۋە ئۇلار قانچە %نى تەشكىل قىلىدۇ؟

(4) خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەپ كېلىنگەن كۆچمەنلەرنىڭ سانى قانچە مىليون ئەتراپىدا؟

(5) ئۇيغۇرلار قاچان، قايسى دۆلەتلەرنى قۇرغان؟

(6) 19- ئەسىردە شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان دۆلەتلەر قايسىلار؟

(7) خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانغا قاچان بېسىپ كىرگەن؟

(8) ئۇيغۇرلار قاچاندىن بېرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتىدۇ؟

(9) «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟

2- مەشىق:

(1) خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى يوقىتىش يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان يولسىزلىقلىرىنى ساۋاقداشلىرىڭلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار.

(2) بىر ئۇيغۇرنىڭ «ئۇيغۇر تىلى»دا سۆزلىيەلمەسلىكى، ئوقۇيالماسلىقى ۋە يازالماسلىقى سىزنىڭ قارىشىڭىز بويىچە نورمال ئىشمۇ؟ نېمىشقا؟ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىڭىزنى قىسقىچە قىلىپ يېزىپ چىقىڭلار.

لايىھەلىگۈچى: ئا.قاسىم

ئازات شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن

تور ئادرېسىمىز: www.uyghurcongress.org